# ئىنتېرنېتنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئاگاھلىنايلى

تۈزگۈچى : مۇساپىر

## تۆزگۈچىدىن

مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىكى ساددىلىق، دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەسلىك مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى زور بالالارغا دۇچار قىلماقتا . دىنغا پۇتۇن كۈچى بىلەن دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلار مۇسۇلمانلارنىڭ نەپرەت سىرتىدا قېلىپ، ھەدەپ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەۋاتقان ، تىللاۋاتقان ، بىرىنى «ۋاھابىي» ، بىرىنى «ھىزبىي» ، دەپ بىرىنى «كاپىر» ، بىرىنى « مۇناپىق »دەپ ھەدەپ سۆكۈۋاتقان ، ئەرەبىياتتا ئوقۇتۇش ئېلىپ بىرىۋاتقانلار ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنى قوللىماي، ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلار ئەرەبىياتتا ئوقۇتۇش ئېلىپ بىرىۋاتقانلاربىلەن ئىتتى پاقلاشماي، بىر ـ بىرىگە زىت گەپ قىلىشىپ، ئىختىلاپلىشىپ بىلمىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان ھالەتلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىۋاتىدۇ. بىلىشمچە
مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمانلارنى دوست تۇتۇش ، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇش پەرزئىدى . ۋاھالەنكى غاپىل مۇسۇلمان قېرىنداشلار بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت پوزىتسىيەسىدە بولىۋاتىدۇ. بۇخىل ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا ئازراق ياردىمى بولارمىكىن دەپ ئاساسەن توربەتلەردە ئېلان قىلىنىپ بولغان ماقالىلەر ئاساسىدا بۇ كىتابچىنى تۈزۈپ چىقتىم . بۇ ئارقىلىق دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىز سەل ـ پەل ئۆسۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دىگەن ئۈمىتتىمەن . رەببىمىزدىن بۇئەمگەك ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن .

(بەزى ماقالىلەرنى ئالغان توربەت ناملىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ،مەنبەسى ئەسكەرتىلمەي قالدى. قېرىنداشلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن
ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىلەر توپلام قىلىنىشتا پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ خالىسانە پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلدى .كىمدە كىم ئىقتىسادىي ساھەدە ئىشلىتىپ جاۋابكارلىق كۆرۈلسە ، مەسئۇلىيەتكە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. )

# مۇندەرىجە

مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش قۇرۇلتىيى.......................4

**جاھانگىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئارقىدا قالدۇرۇش ئۈچۈن**

**قوللانغان ۋاستىلىرى...........................6**

خرىستىيان مىسسىئونېرلىك پائالىيىتى مېتودى......................8

مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئىسا پىلانى.....................11

غەرپنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى قورشاش باسقۇچى......................14

غەرپنىڭ ئىسلام خىلاپىتىنى يىقىتىش باسقۇچى......................22

ئاگاھ بولايلى!دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قوللانغان ، قوللىنىۋاتقان

مۇنداق ۋاستىلىرى بار............................34

# مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش قۇرۇلتىيى

1978 . يىلى ئامرىكىنىڭ كولۇرادۇ شتاتىدا چاقىرىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش قۇرۇلتىيى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن خەتىرى چوڭ ،تەسىرى زور بىرئىش بولۇپ ،بىر ھەپتە داۋاملاشقان بۇ يىغىنغا 150كە يېقىن دىن تارقاتقۇچى قاتناشقان ،بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئەملىيەتتە 1974شۋىتسارىيەنىڭ لوزۇندا چاقىرىلغان دۇنيانى خرىستىيانلاشتۇرۇش قۇرۇلتىيىنىڭ تولۇقلىمىسى ھىساپلىناتتى ،

قۇرۇلتايغا 43 پارچىغا يېقىن تەتقىقات ماقالىسى تەييارلانغان بولۇپ ،ئۇلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ شۇچاغدىكى ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانلارنى قانداق يوللار بىلەن خرىستىيانلاشتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن ،

خرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلار بۈگۈنگە قەدەر ( ( ھىدايەت تېپىشقا سەل قاراپ ) )ئۇلارنى خاپا قىلىۋاتقان ،ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمايۋاتقان ۋە مەسىھنى ئىلاھ دەپ ئىشەنمەيۋاتقان كىشىلەر ئىدى ،

يەتتە كۈنلۈك قۇرۇلتاي جەريانىدا بىر قاتار ئورۇنلىشتۇرۇشلار بولۇپ ئۆتتى ۋە مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئىنستىتوت قۇرۇپ چىقىش ۋە بۇ ئىنىستىتوتنى قاھىرەدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردا خرىستىيانلاشتۇرۇش قۇرۇلتايلىرىدىن بىر قانچىسىغا باش بولغان ،( ( ئىسلام دۇنياسى ) )دىگەن دىن تارقىتىش ژۇرنىلىنىڭ تەسىس قىلغۇچى ،دىن تارقىتىش ۋە خرىستىيانلاشتۇرۇشتىكى

ئاۋانگارت ساموئىل زۇۋەيمىرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش قارار قىلىندى،بۇ ئۇنۋېرسىتىتنىڭ نىشانى توغۇرسىدا مۇنداق دېيىلگەن:‹‹ساموئىل زۇۋەيمىر ئىنىستىتوتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار ۋە مۇسۇلمان باللارغا ياردەم بېرىش،ئۇلارنىڭ مەسىھنى ئىلاھ دەپ قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇخلىس بولۇشى ئۈچۈن تولۇق شارائىت يارىتىپ بېرىش،‹‹ئىنىستىتوتىنىڭ چوڭ تاختايغا كۆك رەڭ بىلەن ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا چوڭ قىلىپ يېزىلغان شۇئارىغا مۇنداق دەپ يېزىلغان:«ئاللانىڭ دەرگاھىدا مومكىن بولمايدىغان ئىش يوق،بېرىڭلار!ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ۋە ھەرقايسى مىللەت،ئىرىقلاردىن بولغان مۇسۇلمانلارنى ئۆزۈڭلارغا شاگىرت قىلىڭلار،»

ئۇلار بۇ پىلان ئۈچۈن نەچچە مىليارد دوللار توپلىغان بولۇپ بۇ پۇلنى شۋېيەردىكى بانكىلارنىڭ بىرىدە قويغان ئىدى،

بۇ قۇرۇلتاينىڭ خەۋىرى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىغا يېتىپ كەلگەندە ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان بۇ سۇيىقەستلەر ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن توپلانغان ماللار ۋە قۇرۇلغان ئورگانلار،مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن ئىبىسا ئەلەيھىسسالام ئەمەس بەلكى سانىت بولىس پەيدا قىلغان ئاتالمىش مەسىھ دىنىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ پىلانلار ئۆز دىنىغا ھىرىسمەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرسىدا قاتتىق غولغۇلا قوزغىۋەتتى ۋە ئۇلارنى سەگەكلەشتۈردى،

مەنبە:دۇنيا ئىسلام ئالىملىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتۇر يۇسۇپ قەرەداۋىنىڭ ئەرەبچە ‹‹يېزىلىق بالا ۋە يازغۇچى››دىگەن ئۆمۈر ئەسلىمىسىنىڭ **1978** ـ يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر دىگەن قىسمىدىن قىسقاتىپ تەرجىمە قىلىندى،

# جاھانگىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئارقىدا قالدۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلىرى

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپلىگەن شەھەر ـ رايونلىرى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كىلىۋاتقان كاپىرلارنىڭ نەچچە ئون يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان . بۇ مەزگىللەردە جاھانگىر كاپىرلار ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئامالىنىڭ بارىچە دىننى يوقىتىش ياكى خەلقنى نادان قالدۇرۇپ دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىشتىن توسۇش ئارقىلىق ئۇلارنى مەڭگۈ قۇل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. ئۇلار قوللانغان دىندىن ئايرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز زىمىنىغا ئىسلام قانۇنى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش .
2. چوڭ ـ كىچىك مەكتەپ ، ئىنىستوتلاردا دىنىي تەلىماتلارنى قانات يايدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئۆز ئىدىئولوگىيسىنى مەجبۇرىي تۇردە تېڭىپ زىيانكەشلىك قىلىش .
3. ھەقىقىي ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى چەتكە قېقىش ، ئۆسەك سۆز تارقىتىپ خەلقتىن يىراقلاشتۇرۇش ، ئاخىرىدا يوقىتىش .
4. دىنغا قارشى ئىدارە ـ ئورگانلارنى قۇرۇش ۋە ئۆزلىرىگە قۇيرۇق يىتىشتۈرۈش.
5. بىدئەت ـ خۇراپاتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، دىن نامى بىلەن كەسىپ قىلىدىغانلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ، باشقىلارغا دىننى خۇنۇك قىلىپ كۆرسىتىش .
6. ئاياللارنى ۋە ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەش ئۈچۈن ھەرخىل شەكىلدىكى سىرىق مەزمۇندىكى ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى ، كىتاب ـ ژورناللارنى نەشر قىلىش ،

تارقىتىش ۋە بۇنى « مەدەنىيەت » دىگەن چىرايلىق نام بىلەن پەردازلاش .
7. مۇسۇلمانلار ئارا زىددىيەت پەيدا قىلىپ ئاداۋەت تۇغدۇرۇش ۋە بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ،ئارىدىن نەپكە ئېرىشىش .

جاھانگىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى كۈچلىنىپ كىتىشىگە قارشى قوللانغان ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈپ پارچىلايدىغان چىگرا ۋە پاسىللارنى پەيدا قىلىش .
2. مۇسۇلمانلارنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش .
3. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر تۈركۈم ياشلارنى خىرىستىيان دىنى تەشۋىقاتچىسى يەنى

« شەرقشۇناس » دىيىلىدىغان چاپارمەنلىرى ئارقىلىق تەربىيلەپ يىتىشتۈرۈپ ، ئۇلارنى« دىنغا قارشى تۇرمىغۇچە ، مۇسۇلمانلار تەرەققى قىلالمايدۇ. » دىگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە ،« ئاياللار ئازادلىقى » دىگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاياللارنى گۈزەل ئەنئەنىۋىي ئەخلاقىي پەزىلەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ زەھەرلەش . ھاراق ، قىمار ، ئىپپىتىنى سېتىش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلەرنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى تۈزۈپ چىققان ئەرزىمەس ، ئۆز پايدىسىنىلا ياقلايدىغان قانۇنلارنى ئالماشتۇرۇش . . .

4. ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنى مونۇپول قىلىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ زاۋۇتلىرىنىڭ مەھسۇلاتىغا تايىنىدىغان ، ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كىرەكلىرىسىز ھېچ ئىشىمىز يۈرۈشمەيدىغان بەتتەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. . . . .

ـ «مانا بۇ ئىمان » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# خرىستىيان مىسسىئونېرلىك پائالىيىتى مېتودى

تۈركچە "Misyonerlik Faaliyetleri" ئىسىملىك كىتاپتا مۇسۇلمان مەملىكەتلەردىكى خرىستىيان مىسسىئونېرلىك پائالىيىتى مېتودى ھەققىدە تۆۋەندىكى بايانلار بار ئىكەن:

مۇسۇلمانلارغا 'سۆيگۈ، مۇھەببەت، مېھرى ـ شەپقەت، ئىنسانپەرۋەرلىك" ئاتالغۇلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چىققان كىشىلەر ئارقىلىق خرىستىيانلىقنى تارقىتىش كېرەك. ئاۋۋال بۇشىتىش (كاللىنى يۇيۇش)، ئاندىن تولدۇرۇش (بوش قالغان يەرگە خرىستىيانلىقنى دەسسىتىش) كېرەك. قىسقىچە ئېيتقاندا، ئومۇمىي مېتود: (1) سۆيگۈ ـ مۇھەببەت؛ (2) بۆلگۈنچىلىك، پارچىلاش؛ (3) مەدىنىيەت جەھەتتە چېكىندۈرۈش (Cultural Degeneration)؛ (4) ئېۋانگېلىزىم؛ (5)مەدىنىيەت ئىچىگە سىڭىپ كىرىش (inculturation) قاتارلىقلار.

قوللىنىشچان ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى كۆرۈلگەن مېتودلار:

1. ئىسلامنىڭ پەقەتلا بىر ئىبادەت دىنى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش.

2. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىزلاشتۇرۇش،

3. باشلىقلارنى چىرىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھاراق، قىمار، پارىخورلۇق ۋە خىيانەتچىلىككە ئادەتلەندۈرۈش.

4. ئالىملار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، خەلقنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇش. مۇسۇلمانلارنى بالىلىرىنى موللىلارغا ئوقۇغىلى بەرمەيدىغان قىلىش.

بۇنىڭ ئورنىغا باشقا مەكتەپلەر ئېچىپ، باللارنى شۇ يەردە دىندىن خالىي ئوقۇتۇش.

5. مۇسۇلمان باللارغا ئەجداتلىرىنىڭ نادان، قالاق، بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش. مۇسۇلمان باللارنى ئىسلامدىن نۇمۇس قىلىدىغان ھالەتكە ئەكىلىش.

6. ئىسلامنىڭ ئاياللارغا زۇلۇم سالىدىغانلىقى، قۇرئاندا ئاياللار كەمسىتىلگەنلىكى، ئىنجىلدا ئاياللار ھۆرمەتلەنگەنلىكى قارىشىنى تىكلەش.

7. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھاراق، قىمار، زىنانى ئومۇملاشتۇرۇش.

8. مۇسۇلمانلارغا "ئىسلام دېگەندە بىر دىننى بىلدۈرىدۇ. بۇ دىن يەھۇدىلىك ۋە خرىستىيانلىقتىمۇ بار" دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش.

9. چىركاۋ بىنا قىلىشنىڭ ھارام ئەمەسلىكى، پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلەرنىڭمۇ چىركاۋغا ھۆرمەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش.

10. مۇسۇلماننى ئىبادەتتىن توسۇش.

11. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىگە بىدئەت ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسلامنىڭ قالاقلىق ۋە تېرورچىلىق دىنى ئىكەنلىكى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان رىشتىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش.

12. جامى ـ مەسجىد ئىماملىرىنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغان جامائەت ئارىسىغا ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۇرۇغى چېچىپ، جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇمايدىغان قىلىش.

13. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش.

14. ئىسلامنىڭ يېيىلىشى ۋە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە ئۆگىتىلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش ياكى خاتا ئۆگىتىش كېرەك.

15. ئىسلامنىڭ پەقەتلا ئەرەپلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى قارىشىنى تىكلەش.

16. مۇسۇلمانلارنى قۇرئان ھەققىدە شەك ـ شۈبھىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئىچىدە

نوقسان بار تەرجىملەر تەييارلاش، ھەدىسلەرگە ئىشەنمەيدىغان قىلىش.

**17.** قاتىللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرغۇزۇش، ئىسيانكارلارنىڭ قولىغا قۇرال بېرىش، دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش.

**18.** پېقىرلىق، ئىقتىسادىي كىرزىس ۋە قالاقلىقتىن ياخشى پايدىلىنىش، ئىسلام پەيغەمبىرىگە ھاقارەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش.

**19.** ئىسلامنىڭ ئۇرۇش-سۇقۇش دىنى ئىكەنلىكى، خرىستىيانلىقنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت دىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئوبرازنى تىكلەش.

**20.** قۇرئاننىڭ خاتالىقلار، سەۋەنلىكلەر بىلەن تولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

**21.** ئىسلامنىڭ تەرەققىياتقا توسالغۇ ئىكەنلىكىنى، خرىستىيانلىقنىڭ بولسا مەدەنىيەت دىنى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش.

**22.** مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىتىقادىغا نىسبەتەن گۇمانغا چۈشۈرۈش.

**23**، سۈننى-شىئە ئىختىلاپلىرىنى كۈچەيتىش

# مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئىسا پىلانى

قاھىرە؛بىر خرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىش،تارقىتىش تەشكىلاتى رادىئو پىروگىراممىسى ئارقىلىق ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئىيسا خرىستوسقا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ.

« مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەسىھنىڭ سۆيگۈسىنى تارقىتىشىمىز ئۈچۈن بىز پەرۋەردىگارنىڭ بەندىلىرىنىڭ بىزگە دۇئا قىلىشنى ۋە بىزنى قوللىشىنى سورايمىز،»دەيدۇ يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركىتىنىڭ دىرىكتورى گىرەگ ھەررىس،12-فىۋرال بۇ رادىئو شىركىتىنىڭ تور بىتىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەردە،

«يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركىتى كۆپ يىللاردىن بىرى ئىسلام دۇنياسىغا تەشۋىقات ئېلىپ بىرىۋاتىدۇ،بىز ئۇنى مۇسۇلمانلارغا پەرۋەردىگارنىڭ سۆيگۈسىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن قۇرغان،ئۇلار تىخمۇ كۆپ نەرسە بىلىشكە تەشنا»دەيدۇ ئۇ يەنە،

150دىن كۆپرەك تىلدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خرىستىيان تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدىغان يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركىتى مۇسۇلمانلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىللىك بىر پىلاننى يولغا قويدى،

بۇ دىن تارقىتىش پىروگىراممىسىنىڭ نامى«ئىيسا پىلانى»بولۇپ ھىندونوزىيە،بىنگال،ھىندىستان،پاكىستان،ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنىڭ دىگۇدەك يىرىمىنى ئىگەللەيدىغان دۆلەتلەرنى نىشان قىلىغان،

يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركىتى يەرشارىدىكى مۇسۇلمانلار نوپۇسى ئەڭ

كۆپ دۆلەت ھىندونوزىيەدە ئۆزىنىڭ« ئىيسانى پىلانى» پونكىتىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى بىسىپ بولدى،

ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان دۆلىتى قازاقىستانمۇ ئۇنىڭ نىشانى،

«نۇرغۇن كىشلەر قازاقىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنىنىڭ دىنى كىلىماتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم رايۇن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ،»دەيدۇ گىرەگ ھەررىس، يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركى يەرشارى خاراكتىرلىك خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش شىركىتى بولۇپ پۈتۈن يەرشارىغا خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىدۇ،ئۇ 1945 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان پىشقەدەم ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئاسىيادىكى مىلىيۇنلىغان كىشلەرگە خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان،

ئىيسا پىلانى؛

يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركىتى ئەمەلدارىنىڭ ئىيتىشچە ئىيسا پىلانىنىڭ نامى ناھايتى ئەستايىدىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تاللانغان،

«ئىيسا مۇسۇلمانلارغا ناھايتى تونۇش»دەيدۇ بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ تور بىتىدە، مۇسۇلمانلار ئىيسانى ئاللانىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرسى،ئۇ مەريەمنىڭ ئوغلى،پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلى ئەمەس،دەپ ئىشىنىدۇ،ئۇلار ئۇنى مۆجىزىلەرچە ھاملىدار بولغان ۋە تۇغقان دەپ قارايدۇ،

قۇرئاندا ئۇ ئىيسا دەپ تىلغا ئىنىلىدۇ،بەزىدە ئىبنى مەريەم يەنى مەريەمنىڭ ئوغلى دەپمۇ ئاتالغان،

ئۇنىڭ كىرىستقا مىخلىنىشى مەسلىسىدە مۇسۇلمانلار ئۇ كىرىستقا مىلانمىغان لىكىن ئاللا ئۇنى ئاسمانغا ئىلىپ چىقىپ كەتكەن دەپ ئىشىنىدۇ،

يىراق شەرىق ئىنجىل رادىئو شىركى مەسىھنىڭ قۇرئاندىكى نامىنى ئىشلىتىش مۇسۇلمانلارنى جەلىپ قىلىش ۋە قايمۇقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى دەپ قارايدۇ،

«بىز ئۇلارغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن ھەي!بۇ يەردە ھەقىقى پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسىھ باردەپ ئېيتىمىز»دەيدۇ شىركەت دىرىكتورى گىرەگ ھەررىس،

خىرىستىيانلاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئەسلىدە ئاپەت ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچىرغان مۇسۇلمانلار رايۇنلىرىنى نىشان قىلاتتى،

«مىنىڭ قارىشىمچە ھەربىر ئادەم دىنىنى ئۆزگەرتىشكە تەييار»دەيدۇ،سەزلىن ستەللىڭ،چارشەنبە كۈنى لوندۇندا ئېچىلغان ئەنگلىيە دىنى جەمىيىتىنىڭ ئومومى قۇرۇلتىيىدا«خىرىستىيانلاشتۇرۇشقا ئاتىلىنايلى»دەيدۇ ئۇ يەنە،

ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە ياۋرۇپا خىرىستىيان دىنى ئىنجىل مەزھىپى بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى گوردۇن شەۋىل پۈتۈن ياۋرۇپادىكى مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيانلاشتۇرۇشقا چاقىرغان بولۇپ« ياۋرۇپا قۇرۇقلىقىدىكى مۇسۇلمان كۆچمەنلەرنى خىرىستىيانلاشتۇرۇشنىڭ پۇرستى كەلدى» دىگەن ئىدى ئۇ.

ئىنگلىزچە ئىسلام لىنىيسى تورى.spyboyتەرجىمىسى.

http://www.islamonline.net/servl … lish_News/NWELayout

ئىيسا پىلانىنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى مانا بۇ يەردە، بۇ يەردە يەنە مەزكۇر شىركەتنىڭ جۇڭگودىكى دىن تارقىتىش ئەھۋالىمۇ بار؛

http://www.febc.org/giving/project_isa.html

# غەرپنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى قورشاش باسقۇچى

**(1)**

### ئارقا ئىشكتىن قورشاش(يەنى يىراق جايلارنى مۇستەملىكە قىلىش)

<u>غەرب مۇستەملىكىسىنىڭ باشلىنىشى:</u>

ئەندەلۇس(ئىسپانىيە) مىلادىيە **1492** ـ يىلى مۇسۇلمانلار قولىدىن كەتكەندىن كېيىن، غەربتە ئىسپانىيە ۋە پورتىگالىيەنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنى ئارقا دەرۋازىدىن مۇستەملىكە قىلىش پىلانىنى باشلىدى، چۈنكى يىراق رايونلار ئاجىز بولىدۇ. شۇڭلاشقا **17** ـ ۋە **18** ـ ئەسىرلەردە ھىندونىزىيە ئاندىن ھىندىستان ۋە مالىزىيا قولدىن كەتتى. ئۇلار شىمالى ۋە غەرب ئافرىقىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دېڭىز ساھىللىرىنى، مورىتانىيە، سىنگال، سومال، تەنزانىيەلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ مۇھاسىرە ۋە مۇستەملىكە ئىلمى كەشپىيات باھانىسى ئاستىدا يۈز بەردى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىلمى كەشپىيات بولماستىن ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان يېڭى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى ئىدى.

بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا تونۇشلۇق ئىدى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيە كەشپىيات باھانىسى ھەقىقى پىلانىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئالداش ۋە قايمۇقتۇرۇش ئويۇنى ئىدى. ئۇلارنىڭ پىلانى ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىش، يىراق ۋە ئاجىز رايونلارنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئارقىلىق قورشاش ئىدى. بۇ پىلان پورتىگالىيە پادىشاھى ھەننا ئەۋۋەلنىڭ دەۋرىدە باشلاندى، ئۇ مۇسۇلمانلار

يوق ياكى بولسىمۇ بەك ئاجىز ئورۇندىن بىرنى تېپىپ، شۇ ئورۇننى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن بالىسى ھىنرىنى ئافرىقىنىڭ غەربى ساھىلىغا يۈرۈش قىلىشقا يولغا سالغان. ھىنرى جەنۇبقا قاراپ ئاتلاندى، قەيەرگىلا بارسا مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ جەنۇبى ئافرىقىغا قەدەر باردى.(بۇ ۋاقىتتا ئەندەلۇس ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، پورتۇگالىيە ۋە ئىسپانلار ئەندەلۇستىن مۇسۇلمانلارنى چىقىرىپ تاشلىغان ئىدى).

ئۇندىن كېيىن پورتۇگالىيەدىن ئۈچ كېمە ئۈمەك يولغا چىقىپ، ئۇلار ئافرىقا ئەتراپىنى ئايلاندى، مالەندى دېگەن شەھەردە"ئىبنى ماجىد"ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان مۇساپىر بىلەن ئۇچۇرشۇپ قالدى، ئۇ پورتۇگاللىقلارنى ھىندىستان(ھىندىستان بۇ چاغقىچە ئوسمانلار دۆلىتىگە تەۋە ئىدى، **700** ـ يىلغا يېقىن ئىسلام خەلىپىلىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن) يولغا كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ كەلكىتا شەھىرىگە كەلگەندە ئۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى، ئۇ قايتىش يولىدا ئۇمان ئارىلىدا **100** مۇسۇلمان چىققان ھاجىلار پاراخوتىنى غەرق قىلىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن پورتۇگالىيەلىكلەر ئىسلام ساھىللىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى.

زېمىننىڭ يوملاقلىق ئېڭى ۋە ئىسلام پاراخوتىنىڭ غەرب يۆلۈنۈشىدە مېڭىپ، شەرققە يەتكەنلىكى ئىسپانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئىسپانىيەلىك دېڭىزچى"كولۇمبۇ" ئۈچ پاراخوتنى ئەگەشتۈرۈپ غەربكە قاراپ ئاتلىنىپ، ئامېرىكىغا يېتىپ باردى. ئامېرىكىدىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى، بۇ مەلۇماتلار ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، يېڭى تەتقىقاتلار ئۇنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

"كولۇمبۇ" دىن كېيىن "ماجلان" ئامېرىكىغا سەپەر قىلدى، ئۇ يەردىن فىلىپىن ئارىلىغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى. ئۇ يەردە خرىستىيان دىنىنى سۇلتانغا تېڭىشقا ئۇرۇنغان چاغدا، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ باسقۇچ ئىسپان، پورتىگال، گوللاندىيەلىكلەر، ئىنگلىز ۋە فرانسىيەلىكلەر ئارىسىدا ئىسلام شەھەرلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش توقۇنۇشى ئەۋجىگە چىققان باسقۇچ ئىدى.

شەرق مۇستەملىكىسىنىڭ باشلىنىشى:

شەرق تەرەپتىن روسىيە ئىسلام شەھەرلىرىگە ئىچكىرلەپ كىرىپ، قاراقىرىم، تاتار ۋە باشقا شەھەرلەرنى بېسىۋالدى، روسىيە بېسىۋالغان شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى تۆت يېرىم مىليون( 4:5) كىلومېتىرغا يېتىدۇ.روسىيە ئاخىرىدا قافقاسىيەنى ئىگەللىۋالدى، ئۇنى شەيخ شامىل (1855م) ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مۇستەقىل بىر قانچە جۇمھۇرىيەتكە بۆلىۋەتتى.

مەلئۇن ئازغۇن ئاپپاق غوجىنىڭ كاساپىتىدىن بىزمۇ يوقىرىقى ھۇجۇمدىن ساقلىنىپ قالالمىدۇق...

بۇ باسقۇچ مىلادىيە 19 ـ ئەسىرگىچە مۇشۇنداق داۋاملاشتى، 19 ـ ئەسىردە فرانسىيە مىسىرنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى، بەزىلەر غەربكە ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ خرىستىيانلاشتۇرۇش مەكتىۋى ئېچىشقا ۋە باشقا ۋەزىپىلەرگە ئىگە بولۇشقا رۇخسەت قىلدى.

**(2)**

ئالدى دەرۋازىدىن قورشاش(يەنى ئەرەب دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش)

غەربنىڭ سەلىب مۇستەملىكە ھۇجۇم پىلانى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالدى دەرۋازىسى(ئەرەب دۆلەتلىرى) غا يېتىپ كەلدى. ئالجىرىيە، تۇنۇس، مىسىر، سۇدان مۇستەملىكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قانچە رايۇنلىرىدا يېڭى سەلىب ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۇممەت يېتەكچىلىرى يېتەكلەيدىغان ئىدى. مەسىلەن، ئابدۇقادىر جازائىرى ۋە ئۆمەر مۇختا شىمالى ئافرىقىدا، مەھدى سۇداندا، ئەمىر رابىھ تەشاد دۆلىتىدە، ھاج ئۆمەر مالى دۆلىتىدە، شەيخ شامىل ئوتتۇرا ئاسىيادا....يېتەكچىلىك قىلغان.

***

غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سوقۇنۇپ كىرىش ۋە بىرلىكىنى پارچىلاپ تاشلاش باسقۇچى

**20**ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر، ئوسمانىيە خىلاپەتلىكىنىڭ ئۆرۈلىشى بىلەن لىۋىيە، ماراكەش، شام، ئىراق، مىسىر، سۇدان ۋە ئۇندىن باشقا رايۇنلار مۇستەملىكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇنداقلا ئىسلام بالقان شەھەرلىرىدە ئارقىغا چېكىنىدى، يەمەن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن باشقا مۇستەملىكە ئاستىغا چۈشمىگەن ئىسلام رايونى قالمىدى. ئەھلى سەلىب لورد" لىنبى" قۇددۇس شەھىرىگە كىرگەندە پوچىلىق قىلىپ:"سالاھىدىن ئەمدى سەلىب

ئۆرۈشـــى ئاياغلاشـــتى"دېـــدى، قومانـــدان"جـــورۇ" دەمەشـــقتە كىرگەنـــدە مەغرۇرلىنىپ:"سالاھىددىن بىز يەنە قايتا كەلدۇق"دېدى.

خىلاپەتلىكنىـــڭ يىقىلىـــشى بىـــلەن تەڭ، ئىـــسلام ئەللىرىنىـــڭ بىرلىكـــى پارچىلانـــــــدى ۋە پـــــارچە كىچىـــــك دۆلەتـــــلەرگە ئايلىنىـــــــپ قالدى(ئايلاندۇرۇلدى).كولۇنىل"لورنىس" ئەنگلىيە ئاخبارات ئىدارىسىغا 1916 ـ يىلى يانۋاردا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ:"بىزنىڭ ئاساسلىق نىـشانىمىز، ئوسـمانىيە ئىمپېرىـسىنى ۋەيـران قىلىـش ئـارقىلىق ئىـسلام بىرلىكىنـى پـارچىلاپ تاشلاش، ئەگەر بىز ئەرەبلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلسەك، ئۇلار كىچىـك دۆلەتلەر ئىچىدە داۋاملىق سىياسى قالايمىقانچىلىقتا تۇرىۋېرىدۇ".

تۆۋەندە بۇ كىچىك دۆلەتلەرنى تونۇشۇتۇرىمىز:

*ئەنگلىيە بېسىۋالغان ئىسلامى دۆلەتلەر:

1. ئافرىقىدا: مىسىر، سۇدان، نەيجىريا، زەنجىبار، سومالىنىڭ بىر قىسمى، تانزانىيا، توگو، كىنىيە، جەنۇبى ئافرىقا ۋە غانا.

2. ئەنگلىيەنىڭ ئاسىيادا بېسىۋالغان دۆلەتلىرى:

ھىندىستان(پاكىستان بىلەن بىر)، بۇرما، سىيام(تايلاندىغا تەۋە)، ئىران، ئافغانىستان، خەلىج قولتۇقى ۋە پەلەستىن.

* فىرانسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئىسلامى دۆلەتلەر:

1. ئافرىقىدا: تۇنۇس،ئالجىرىيە، ماراكەش، پولسارىيۇ، ئاج ساھىلى، غىينىيا، مالى، نىيجىر، كانغۇ، جۇزۇر قەمەر، سۇمالىنىڭ بىر قىسمى، مورىتانىيە، مەدەغەشقەر، كامىرۇن ۋە بەنىن.

2. ئاسىيادا: سۇرىيە، لىۋان.

<u>* ئىتالىيە بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى:</u>

لىۋىيە، ئارتۇرىيە ۋە سۇمالىنىڭ بىر قىسمى.

<u>* گوللاندىيە بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى:</u> ھىندۇنۇزىيەدىكى جاۋا ۋە سوماترا ئارىلى.

* روسىيە بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى:

1. غەربىي تۈركىستان، يەنىي ھازىرقى ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان ۋە ئەزەربەيجان.

2. سوۋېت ئىتتىپاقى رايۇنىدىكى مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرى.

3. قافقاسىيا: 14 جۇمھۇرىيەت ۋە ئۆلكە، بىۋاستە موسكۇۋاغا قارايدۇ.

4. سىيبىريا، بىۋاستە موسكۇۋاغا قارايدۇ.

<u>*ياۋرۇپادىكى كومۇنىست نوپۇزىغا بويسۇنغان ئىسلام دۆلەتلىرى:</u>

ئالبانىيە، بۇلغارىيە.

**(3)**

## مۇستەملىكە قىلغۇچىلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بەزى ئۇسۇل ـ چارىلار

**1**. مۇستەملىكىچى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەزھەب ئىختىلاپلىرىنى قوزغاش ئارقىلىق بۆلۈنۈش ئۇرۇغلىرىنى چاچتى، ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلام ئەللىرىدە ياشايدىغان باشقا تائىپىلەر (باشقا دىندىكىلەر)ئارىسىدا تائىپە ئىختىلاپلىرىنى ئۇلغايتتى. مەسىلەن، ھىندىستان **1947** ـ يىلى مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ، ھىندىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلاردىن **8080** ئادەم تائىپە ئۇرۇشىدا قىرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىق، مائارىپ ۋە يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قالغان.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئىنگلىزلار **1890** ـ يىلى قەبرىس (سىپرۇس)قا كىرگەن ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى خىرىستىيانلارنىڭ سانىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە توغرا كېلەتتى، **1960** ـ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى خىرىستىيانىڭ سانىنىڭ تۆتتە بىرگە توغرا كېلىپ قالغان.

**2**. مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خىرىستىيانلاشتۇرىدىغان خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۆمەكلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ياكى ئۇ پەرزەنتلەرنى مۇستەملىكە قىلغۇچىنىڭ مەدەنىيتى بىلەن بويۇتۇش(يەنى مېڭىسىنى يۇيۇۋېتىش) ۋە ئۇلارنى مۇستەملىكىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە تەربىيلەش. ئۇلارنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى بىلەن تەربىيلەنگەن باللار كەلگۈسىدە مۇسۇلمانلارغا

غەرب نامىدا ھاكىملىق قىلىدىغان ئىتائەت قىلغۇچى قورالغا ئايلىنىدۇ. (ھازىرقى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھاكىملىرى دەل بۇ مەسىلىغا چۈشىدۇ).

**1936** ـ يىلىغىچە ھىندىستانغا ئەۋەتىلگەن خرىستىيانلاشتۇرۇش ئۇيۇشمىسى **377** كە يېتىدۇ، بۇ ئۇيۇشمىلار **3634** مىسسيونېر(پوپ)خىزمەت قىلىدۇ، بۇلار **50** پاكولتىت، **138** تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، **421** باشلانغۇچ مەكتەپ، **270** تۇرلۇك مەكتەپ ئاچىدۇ ۋە **170** گېزىتنىڭ ھەممىسى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئايلىنىدۇ.

**3.** سوۋېت مۇستەملىكىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرىنى مۇسادىرە قىلغان، شۇنداقلا ئىسلام مەكتەپلىرىنى تاقىغان، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى سىبىرىيەدىكى خىزمەت گازارمىسىغا قوغلىۋەتكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە **1937** ـ يىلدىن **1941** ـ يىلغىچە بولغان **5** يىل ئىچىدە بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتكەن.

ئىسلام ئاۋازى تور بېتى

**2006** ـ **07** ـ **28** مىلادىيە

**1427** ـ **07** (رەجەب) ـ **3** ھىجرىيە

# غەرپنىڭ ئىسلام خىلاپىتىنى يىقىتىش باسقۇچى

ئاخىرقى خەلىپە سۇلتان ئابدۇلھەمىد تارىخى ئەسلىمىلىرىدە:"ئاسىيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنى بېسىۋالغان چوڭ دۆلەتلەر، ئەنگىلىيە ۋە روسلار مەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەلىپىلىك قورالىدىن تىترەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ ئوسمانىيە دۆلىتىنى يوقۇتۇشقا بىرلىشەلىگەن"دەپ يازىدۇ.

## 1. دونما يەھۇدىلىرىنىڭ بۇ سۇيىقەستىكى رولى

دونما(ئىككى يۈزلىمە) يەھۇدىلىرى ئوسمانىيە خىلاپەت دۆلىتىگە سۇيىقەست قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرگەن، بۇ يەھۇدىلار تۈركىيەنىڭ سالونىك(ھازىر گىرىتسىيەگە تەۋە) شەھىرىگە مەركەزلەشكەن، ئۇلار سىرتقى كۆرنۈشلىرىدە مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار. بۇ يەھۇدىلار "ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى"بايرىقى ئاستىدا سۇلتان ئابدۇلھەمىدغا قارىشى ۋەھشى ھۇجۇمغا يېتەكچىلىك قىلغان. چۈنكى خەلىپە ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ 50 مىليون فونتستېرلىڭ قەرز بەدىلىگە يەھۇدىلارغا پەلەستىنىنى سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان.

تۈرك ئوفىتسىرى ھۇسامىدىن ئارتۇرۇك 1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان"ئىككى دەۋر سىرلىرى" ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ:"تىيودور ھارتىزىل ۋە يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ پوپى ئۆزى ئالاھىتەن سۇلتان ئابدۇلھەمىدتىن پەلەستىندە يەھۇدىيلارغا مۇستەقىل دۆلەت تۇرغۇزۇش تەلىپىنى قويۇپ كەلدى، لېكىن سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئۇ ئىككى يەھۇدىنى قوغلاپ چىقاردى. 1890 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد يەھۇدىيلارنى ئوسمانىيە زېمىنلىرىدا قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ئىككى پەرمان چۈشۈردى ۋە پەلەستىندىكى يەر مۈلۈك ئىدارىسىغا پەلەستىن زېمىنلىرىنى ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرگە ساتماسلىقنى تەكىتلىدى".

فەۋزى توغاي 1947 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ "بۈيۈك توغۇ" ژۇرنىلىدا"پەلەستىن ۋە يەھۇدىيلار مەسىلىسى"دېگەن تېمىدا:"سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ يەھۇدىيلار ھەرىكىتىگە قىلغان رەددىيىسى ئۇنىڭ تاج ـ تەختىنىڭ ئۆرۈلىشىگە بەلكى ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولغان" دەپ ماقالە ئېلان قىلغان.

1909 ـ يىلى ئەنگىلىيە ۋە باشقا غەرب ئەللىرىنىڭ ھىمايىسى، قوللىشى ۋە كۈشكۈرتىشى ئاستىدا ماسۇنلار ۋە يەھۇدىيلار يېتەكچىلىكىدىكى ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلات ئىنقىلابچىلىرى سۇلتان ئابدۇلھەمىدغا قارىشى سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى پىلانلاشقان، ئۇنى خەلىپىلىك مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش قارارىنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا 4 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئۆمەكنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ تۈرك ياكى ئەرەب بولمىغان. بۇ ئۆمەكنىڭ بېشىدا ئېيمانويىل دېگەن يەھۇدى بار ئىدى. نەتىجىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد يەھۇدىيلار مەركەزلەشكەن سالونىيك شەھىرىگە پالاندى ۋە بىر يەھۇدىنىڭ ئۆيىگە سولاپ قويۇلدى، 1918 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد ۋاپات

بولدى. ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا ئىستانبول شەھىرىنىڭ پۈتـۈن خەلقـى دېگـدەك قاتناشتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد يەھۇدىلارنىـڭ پەلەسـتىنگە ھىجـرەت قىلىـشىنى ۋە زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇشىنى چەكلىگەن ئىدى.

دونمىا يەھۇدىلىرى 600 ئائىلىلىك بولۇپ،1683 ـ يىلدىن تارتىپ ئىـسلامغا كىرگەنلىكىنى داۋا قىلغان، لېكىن ئۇلار مەخپـى يەھـۇدى دىنىغـا ئېتىقـاد قىلىـپ كەلگەن. بۇ ھەقىقەتنى ئىسرائىلىيەنىڭ ئەسىبەق باش مىنىستىرى" ئىسھاق زۇفى" 1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان"دونمىا" ناملىق كىتاۋىدا ئېنىق ئېتىـراپ قىلغـان. ئۇ:"خەلىپىلىك مەركىزىدە ئۆزىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىر قىسمى ھېساپلايدىغان مـۇھىم تـائىفە بـار. ئـۇلار دونمـا يەھـۇدىلىرى بولـۇپ، سـىرتقى كۆرۈنۈشـىدە مۇسـۇلمان،لېكىن ئـۇلار مەخپـى يەھۇدىلارنىـڭ دىنىـى پائـالىيەتلىرىنى ئورۇنلايدۇ"دېگەن.

ئەمىر شەكىب ئارسلان دونمىا يەھۇدىلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:"ئۇلار پەقەت ئىسمىدا مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار زىندىق يەھۇدىلار تائىفىسى، تۈركلەر ئۇلارنى دونمىا(يەنى ئىككى يۈزلىمە) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار سـىرتقى كۆرۈنۈشـلىرىدە ناھايىتى تەقۋا ۋە ياخشى كۆرۈنىدىغان ئىدى، ئەسكىلىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچـۈن مەسـجىدلەرگە كېلەتتـى، ئۇلارنىـڭ ئىـسلامنى يالغانـدىن قوبـۇل قىلغـانلىقى ۋە ھاكىملىققا كۆز تىككەنلىگى ئۈچۈن ھوقۇق بېشىغا چىقىۋالالىغان".

فىرانـسىيەلىك خىرىـستىيان"بـائىر ھـيس"نىـڭ "ئىـسرائىل جۇمھۇرىيىتى"ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلگەن:"دونمـا يالغانـدىن مۇسـۇلمان بولغان يەھـۇدىلار، ئۇلارنىـڭ سـانى خېلـى كـۆپ، دانـۇپ رايۇنىنىـڭ ھـاكىمى مىدھەت باشا ئۇلاردىن، ئۇ مەجەر(گوللاندىيەنىڭ پايتەختى)لىق يەھۇدى پوپنىڭ

بالسى. ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات رەھبەرلىرىنىڭ تولسى دونما يەھۇدىلىرىدىن.
ئۇلار دۆلەتتىكى ئىقتىسادى ئىشلارنى قولىغا چۈشۈرۋالغان، شۇنداقلا ئەسكەر ۋە
ئىدارە ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋالغان ۋە بەزىلىرى بەك يوقىرى مەنسەپلەرگە
يەتكەن".

* دونما يەھۇدىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى:

ياۋرۇپادىكى تەپتىش مەھكىمىسى دەۋرىدە يەھۇدىلار ياۋرۇپادا بولۇپمۇ
ئىسپانىيەدە ئىزىلىشقا ئۇچرىغان، ئۇلار ئوسمانىيە دۆلتىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان
ۋە ھىمايە قىلىدىغان ئورۇن تاپالمىغان. بۇ يەھۇدىلار مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ
قورساقلىقىنى بىلگەچكە مىلادىيە 1626 ـ يىلى ئوسمانىيە دۆلتىگە ھىجرەت
قىلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ قاتارىدا موردىخاي دەپ ئاتىلىدىغان بىر
ئادەمنىڭ"ساباتاي" دېگەن بالىسى ئىزمىر شەھرىدە تۇغۇلغان، مىلادىيە 1648 ـ
يىلى ساباتاي ئۆزىنى"كۈتۈلۈۋاتقان مەسىھ" دەپ داۋا قىلغان. ئۇ مىلادىيە
1666 ـ يىلى پەلەستىننى زىيارەت قىلىپ، قۇددۇس يەھۇدىلىرى بىلەن تونۇشۇپ
تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھرىگە قايتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ شۆھرىتى داڭ كەتكەن.

ئوسمانىيە سۇلتانلىقى ئۇنىڭغا"پەلەستىندە يەھۇدى دۆلتى قۇرۇشنى
پىلانلاۋاتىدۇ"دەپ ئۇنى قولغا ئالىدۇ ۋە بۇ تۆھمەتتە شەيخۇل ئىسلام
ئەزالىقىدىكى ئىلمى كومىتىتى ئۇنى سوراق قىلىدۇ. ساباتاي بۇ داۋانى ئىنكار
قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقنى جاكارلايدۇ، مۇھەممەد بەۋۋاب دەپ ئاتىلىدۇ،
چۈنكى ئۇ خىلاپەت قەسرىدە كۆزەتچىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
ساباتاي ئوسمانىيە سۇلتانىدىن:مېنى قويۇپ بەرسەڭلار، مەن يەھۇدىلارغا ئىسلامنى
دەۋەت قىلسام دەپ تەلەپ قىلغاندا، سۇلتان ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇ يەھۇدىلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ"سىرتقى كۆرۈنۈشىدە مۇسۇلمان، يەھۇدى دىنىدا يوشۇرۇن تۇرۇۋېرىشىنى" تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تۈركلەر ساباتاينىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە دونىما ـ يەنى سىرتىدىن مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە يەھۇدى ـ دېگەن لەقەمنى بېرىدۇ.

ساباتاي دەۋىتىنىڭ ئاساسلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان:"تۈرك ـ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى بوياش ئۈچۈن ـ مۇسۇلمانلىرىغا ماسلىشىش، رامىزان ياكى قوربانلىق ۋاقتى كەلسە ئىچى سىقىلماسلىق كېرەك. ئىسلامنىڭ بارلىق دىنى كۆرۈنۈشلىرىگە ماسلىشىش لازىم، لېكىن ئۇلار بىلەن توي قىلماسلىق كېرەك..."

ئوسمانلار بىخەتەرلىك ئىدارىسى، ساباتاينىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن يەھۇدى دىنىنىڭ مۇراسىم ۋە پائالىيەتلىرىنى تۈرگۈزغانلىق دوكلاتىغا ئاساسەن ئۇنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئالبانىيەگە يۆتكىۋېتىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە **1675** ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ. لېكىن ساباتاينىڭ دەۋىتى ئۆلمەيدۇ، ئابدۇغوپۇر ئەفەندى دونىما جامائىتىنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ يەھۇدىچە ئىسمى "جوزىيىف بىيلوسوف". ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ يەئقۇب(يەھۇدىيچە ئىسمى جوزىبىف كىيرىدۇ) رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇلار كېيىن تۈركىيەنىڭ سالونىك شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىدۇ.

تۈركىيەدىكى دونىما يەھۇدىلىرىنىڭ خاس مەكتەپلىرى ۋە خاس قەبرىستانلىقى بار. ئۇلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ تۈركىيەنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىنى غەربلەشتۈرۈش چاقىنى تىزلىتىشقا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرگەن. ئۇلار دەسلەپتە ھىجابقا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى، ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياشلارنىڭ قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ ئوقۇشىغا تەشەببۇس قىلدى. شۇنداقلا دونىما يەھۇدىلىرى تۈركىيەنىڭ گۈزەللىك مەلىكە مۇسابىقە ئېچىنى بۇگۈنكىچە تىكلەپ

كەلمەكــتە. گەرچە تــۈركىيەدىكى يەھۇدىلارنىــڭ ھــازىرقى ســانى **30** مىڭــدىن ئاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۆلەتتىكى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگەللىۋالغان، ئىتتىپــاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ئارقىلىق سوقۇنۇپ كىرگەن ۋە سۇلتان ئابدۇھەمىدنى ئېلىپ تاشلىغان ئىنقىلاپنىڭ زور قىسمىنى شۇلار ئايلاندۇرغان.

نەشــرىيات ئورۇنلىرىنىــڭ زور تەســىرى بــارلىقى ھەممــگە ئايــان، تــۈركىيە گېزىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دونمىا يەھۇدىلىرى ئىگەللەيدۇ، ئەھمەد ئەمىن يالمان دېگەن (**1888** ـ **1973**)دونمــا يەھۇدىلىرىــدىن بولــۇپ، بىــر قــانچە گېزىــت ۋە مۇھىم ژورناللارنى تەسىس قىلغان، ئەرمەن ۋە كۇرد دۆلىتىنىڭ تۈركىيە زېمىنــدىن پارچىلىنىپ چىقىشىنى تەشۋىق قىلغــان. شــۇنداقلار بىرىنجــى دۇنيــا ئۇرۇشــدىن كېيىن تۈركىيەنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلىشىغا چاقىرغان، ماســۇن ۋە كومۇنىېــست تۈركلىرىنىــڭ مەســىللىرىگە ياردەمــدە بولغــان، ئــۇ ئىــسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بەك ئۆچ ئىدى.

دونمىا يەھۇدىلىرى تۈركىيەدە چىقىدىغان"ھۆررىيەت" گېزىتىنىڭ ئىگىــسى، بۇ گېزىت كۈنلۈكى **80** مىڭ نۇسخىدىن بىر مىليۇن نۇسخىگىچە بېسىلىدۇ. بــۇ گېزىت خەلقئارالىق **20** گېزىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالــدۇ، بــۇ گېزىــت "تــۈركىيە تۈركلەرنىڭ" دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

دونمىا يەھۇدىلىرى تــۈركىيەدىكى ھــۆررىيەت گېزىتــدىن قالــسا ئىككىنجــى ئورۇندا تۇرىدىغان "كۈن ئايدىن" گېزىتىگە ئىــگە، بــۇ گېزئــت كۈنلــۈكى **570** مىڭ نۇسخا تارقىتىلىدۇ. ئۈچىنجى ئورۇندا تۇرىــدىغان "تەرجىمــان" ۋە تــۆتىنجى ئورۇندا تۇرىدىغان "مىللەت" گېزىتىمۇ دونمىا يەھۇدىلىرنىڭ گېزىتلىرى. . .

دونىما يەھۇدىلىرىغا تەۋە ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ئورگانلىرى ئىسرائىلىيەنى مۇداپىئە قىلىدۇ، ھەر قانداق كۆرەشتە ئەرەبلەرگە قارىشى كۆز قاراشنى ئاساس قىلىدۇ.شۇڭا دونىما تەشۋىقات ئورگانلىرى ئەرەبلەرگە قارشى ئىسرائىلىيەنى قوللايدىغان خەلق پىكرىنى يارىتىشتا غەلىبە قازاندى.

## 2. ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ بۇ سۇيىقەستتىكى رولى

يەھۇدىلار پايدىلانغان ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ئەسلىدە مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنى "تۈركىيە فەتات"نىڭ بەزى ئەزالىرى 1890 ـ يىلى قۇرۇپ چىققان. بۇ پارتىيەنىڭ ئاشكارا دەۋەتلىرى ئەركىنلىك، پارلامېنت ھاياتى ۋە دۇستۇر(قانۇن)نى ئىلان قىلىش. ئەمما يوشۇرۇن نىشانلىرى خەلىپىلىكنى يىقىتىش، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ تاشلاش، يەھۇدىلارنىڭ نىل دەرياسىدىن تارتىپ پۇرات دەرياسىغىچە دۆلەت تۇرغۇزۇشىغا يول ھازىرلاشتۇر.

بۇ مەخپىي تەشكىلات 1909 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن پارتىيەگە ئايلاندى. بۇ پارتىيە 1908 ـ يىلدىن تارتىپ 1918 ـ يىلغىچە ئوسمانىيە دۆلىتىدە ھەقىقىي ھوقۇق ئىگىسى ئىدى. بۇ جەمىيەتكە ئەزا بولغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ماسونىيە(يەھۇدىلارنىڭ نىشانىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلات، مۇستاپا كامال دېگەن يەھۇدىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن) جەمىيەتلىرىگە ئەزا كىشىلەر ئىدى.

بۇ جەمىيەت ئىسلام بىرلىكىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن مىللىي شوئارلانى ئويغىتىپ چىقتى. مەسىلەن، ئۇلار تۇران مىللەتچىلىكىنى تەشۋىق قىلىشتى. شۇنداقلا

يالغاندىن ئەركىنلىك شوئارىنى كۆتۈرۈشتى ۋە 1908 ـ يىلى بىرىنجى ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىشتى، لېكىن ئۇلار سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى بۇ ئىنقىلابتا چۇشۇرەلمەي 1909 ـ يىلدىكى ئىنقىلابتا چۇشۇردى. بۇ ئىنقىلابنى ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىگە ساداقەتمەن سالونىيك شەھرىدىكى ئەسكەرلەر ئېلىپ باردى، ئۇلار ئىستانبولغا ھەرىكەتلىنىپ، سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە ياش ئىككى ئوفىتسىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مۇستاپا كامال، يەنە بىرسى ئەزىز مىسرى ئىدى.ئەزىز مىسرى دېگىنى مىسىرلىق بولماستىن شىركىسى بولۇپ، ئاتېئىست ئىدى. ئەزىز باشا كېيىن ئىمانغا يۈزلىنىپ تۆۋە قىلغان...

### 3.مۇستاپا كامالنىڭ بۇ سۇيقەستتە ئوينىغان رولى

مۇستاپا كامال تۈركىيەنىڭ سالونىيك شەھرىدە دونما يەھۇدىلىرىدىن بولغان بىر ئائىلىدىن ۋە قانۇنسىز ئاتىدىن تۇغۇلغان(يەنى پاھىشىدىن بولغان بالا). مۇستاپا كامال 1924 ـ يىلى ھەربىي ئىنقىلاپ قوزغاپ، ئىسلام خەلىپىلىگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. گەرچە ئۇ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە مۇسۇلمان بولۇۋالسىمۇ ۋە دىنغا ياردەم بېرىۋاتىمەن دەپ داۋا قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلىپىلىكنى بىكار قىلىپ تاشلىدى ۋە ئىسلامنى ھۆكۈمدىن يىراقلاشتۇردى.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلام خەلىپىلىگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىشەتتى، بۇ ئىشنىڭ ئاتالمىش شان شەرەپلەر بىلەن

بىزەلگەن بۇيۇك قەھرىمانىنى ياساپ چىقماي( يېتىشتۇرمەي) تۇرۇپ ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.

شۇڭا ئىنگىلىزلار بۇنى رىئاللىققا ئاشۇرۇش ئۇچۇن يۇنانلىقلارنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھرىنى بېسىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.ئاندىن يۇنان (گىرىتسىيە) ئۇستىدىن خىيالى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئاتالمىش قەھرىمانىنى پەيدا قىلىش ئۇچۇن مۇستاپا كامال دېگەن يەھۇدى مەلئۇننى چاقىرىپ كېلىشتى. ئۇ خىيالى غەلىبە قىلغان بولدى، خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىشتى ۋە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشتى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئىسلام ھاياتىغا خەنجەر سانجىشنىڭ ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىنى ئالدىبۇرۇن بىلىشەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەنگىلىيە مۇستاپا كامالنىڭ سىنتەبىرنىڭ 9 ـ كۈنى ئىزمىر شەھرىگە كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى ۋە بىر پاي ئوق ئاتماي يۇنانلىقلارنى ئۆزلىرى قوغلاپ چىقاردى. غەربنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى مۇستاپا كامالنىڭ ئاتالمىش خىيالى غەلىبىلىرىنى چوڭايتىپ، ئىسلام دۇنياسىدا تىز نەشر قىلىپ تارقاتتى. مۇسۇلمانلار مۇستاپا كامال بىلەن ئالداندى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە ئارزۇ ـ ئۈمىد ئويغاندى ۋە ئۇنىڭغا قەلبلەر تەلپۈندى. دېمەك، مۇستاپا كامالنى غەرب مۇستەملىكچىلىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئەگەر مۇستاپا كامالدەك مەلئۇندىن بىرسى بولماي، غەرب دۇنياسىنى ئوسمانىيە دۆلىتىنى 50 يىل بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ ئىسلام خەلىپىلىكىنى يوقىتالمىغان بولاتتى.لېكىن مەلئۇن بۇ رولنى ئۇستىلىق بىلەن ئويناپ كەتتى.

لېكىن ئاتا تۈرك(ئۇ تۈركلەرنىڭ ئاتىسى ئەمەس، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ رەزگى دۈشمىنى بولغىنىدەك، تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ئەشەددى

دۈشمنى، چۈنكى خەلىپىلىكنى ئۆرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن ئەنگىلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئالاقە ئورناتقان) مۇستاپا كامال بىلەن ئالدانغانلار 1924 ـ يىلى،3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سەھەردە خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، خەلىپىنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ قوغلانغانلىقى، ۋەقپە ۋە شەرئى مەھكىمىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى، دىنى مەدرىسىلەرنىڭ يېپىلىپ مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە قۇرئان يادلايدىغان گورۇپپىلارنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئارزۇلىرى يەكسان بولۇشتى.

مۇستاپا كامال دېگەن مەلئۇن خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن ،ئەنگىلىيە دەرھال تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە تۈركىيەدىن ئەسكەر چېكىندۈردى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەنگىلىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى:"تۈركىيە تامامەن تۈگەشتى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، چۈنكى بىز تۈركىيەدىكى مەنىۋى كۈچ يەنى ئىسلام خەلىپىلىكنى يوقاتتۇق"دېگەن.

ئوسمانىيە خەلىپىلىكىدىكى ئاخىرقى شەيخۇل ئىسلام مۇستاپا سەبرى مىسىرغا پاناھلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:"ئىنگلىزلار مۇستاپا كامالنى قەھرىمان قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى،خەلىپىگە قاتتىق قول مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدى، سەۋەبى خەلقلەرنىڭ مۇستاپا كامال بىلەن ئالدىنىشى ئۈچۈن ئىدى...ئەنگىلىيە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمدىن يەنە بىرسىنى تاپالمايدۇ، چۈنكى ئىسلامنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىياتىنى بىر كۈندە ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئىپلاس ئىقتىدارلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئىنگلىزلار بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىنى بىكار قىلىپ تاشلىشى، تـۈركىيەدە دىن بىلەن دۆلەتنى ئايرىشى ئىسلامنى ھايات ساھەسىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچـۈن ئېلىپ بارغان زەنجىرسىمان ئىجرائاتلىرىدىكى باشلىنىش نوقتىسى ئىدى.شۇڭلاشقا ئـۇ ئــىسلام ھىجــابىنى قەتئــي چەكلــىدى، ياۋرۇپــاچە پــورمىلارنى كىيىــشكە مەجبۇرلىدى، بىر قانچە يىلغىچە روزى ۋە قۇربان ھېيت بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشـنى ئەمەلــدىن قالــدۇردى، مۇسـۇلمانلارنى ھەج قىلــىشتىن چەكلــىدى، بىــر قــانچە مەسجىدلەرنى تاقىدى، "ئايا سوفىيا" چوڭ مەسجىدنى چىركاۋغا ئايـلاندۇرۇپ ، كېـيىن ئامبارغا ئايلاندۇردى. شۇنداقلا مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىرلار بىلەن تـوي قىلــىشىغا يول قويـدى، جـۈمە كۈنـدىكى دەم ئېلــىشنى ئەمەلـدىن قالـدۇرۇپ، يەكـشەنبە كۈننى بەلگىلەپ قويدى، مۇسـۇلمانلارنى جـۈمە نـامىزى ئوقۇشـتىن چەكلـىدى، نامازغا ئەرەبچە ئەزان ئېيتىــشنى توسـۇپ، تـۈركچە ئېيتىلــىشىنى شـەرت قىلـدى، يېزىقتىكى ئەرەب ھەرپلىرىنى بىكار قىلىپ، لاتىن ھەرپلىرىنى ئالماشتۇردى.

دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيەنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئىــسلام ئاساسىدىن پۈتۈن كىسىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى.

ئۇ مەلئۇن تۈركىيە قانۇنىدىكى:"دۆلەتنىڭ دىنى ئىسلام" دېگەن مـاددىنى **1928** ـ يىلى بىكار قىلىپ تاشـلىدى ۋە تـۈركىيەنى ئىلمـانى دۆلەت دەپ ئــلان قىلدى. شەرىئەت(ئىسلام قانۇن) نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىتـالىيە ۋە شىۋىتسارىيە قانۇنلىرىنى ئالماشتۇردى، شەيخۇل ئىسلاملىق مەنسىپىنى يوقاتتى، ئالىملارنى سەللە ئورنىغا شلەپە كىيىشكە زورلىدى، ھىجـرىيە كالىنـدارىنى بىكــار قىلدى، مۇرتەدلىكنى مۇباھ قىلدى(يەنى قانۇنلۇق قىلدى)، مىراس تۈزۈمىدە ئەر ۋە ئايالنى باراۋەر قىلدى، **1932** ـ يىلـدىكى ئىنقىلابقـا قارىــشى چىقتــى دېـگەن

باهانە بىلەن 150 دىن كۆپرەك ئالىملارنى ۋە سىياسى دۆلەت ئەربابلىرىنى ئۆجۆقتۇرۇۋەتتى. ئۆز ئىسمىدىن مۇستاپا دېگەن سۆزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كامال دېگەن سۆز بىلەن كۇپايىلەندى.

مۇستاپا كامال 1937 ـ يىلى ئۆلدى، ئۇ ئايالسىز ۋە پەرزەنتسىز ياشىدى، ئۇنىڭ ئايالى "لەتىپە خانىم" ئۇنىڭ بىلەن ئاران بىر يىل سەۋر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇزۇق ۋە پاسىقلىقىغا چىدىيالماي ئاجرىشىپ كەتتى، چۈنكى مۇستاپا كامالنىڭ تۇرالغۇسى هاراق ۋە جالاپلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇ يەهۇدى ۋە پاهىشۋازنىڭ بالىسى ئۆلىدىغان چاغدا، ئەنگىلىيەنىڭ كونسۇلىنى قەسىرىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭ تۈركىيەگە رەئىس بولۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويغان. چۈنكى ئۇنىڭ جۇمهۇرىيەت رەئىسلىكىدىكى هوقۇقى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى كىمنى رەئىسلىككە تاللاش هوقۇقى بار ئىدى، لېكىن ئەنگىلىيە كونسۇلى بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن. ئۇ ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ قوماندانلىرى ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرەمدۇق ياكى چۈشۈرمەمدۇق دەپ تالىشىپ قالغان.

# ئاگاھ بولايلى!دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قوللانغان ، قوللىنىۋاتقان مۇنداق ۋاستىلىرى بار.

**1.** « مىللەتچىلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك » شوئارلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرئوتتۇرىسىدا مۇستەقىللىق دەۋاسى پەيداقىلىش ،ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش . مەسىلەن : ئۇلارئەرەپ ـ تۈرك مىللەتچىلىك ئىنقىلابىغا چاقىرىش ئارقىلىق ئىسلام خەلىپىلىكىنى كىچىك ـ كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلاپ تاشلىغان ئىدى . ھازىر يەنە ئىراق ۋە باشقا جايلاردا كورت مۇسۇلمانلىرى بىلەن ، ئەرەپ ـ تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقى چېچىۋاتىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلغايتىۋاتىدۇ.

**2.** نامراتلارغا ئىقتىساد ـ تېخنىكا ،تەلىم ـ تەربىيە . . . جەھەتلەردىن« ياردەم بېرىش» شوئارلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار رايونىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن چىقىدىغان كان بايلىقلىرى، خام ئەشيالىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش ، ئېچىش ھوقۇقىنى كونترول قىلىش شۇنداقلا ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام يولىدىن چەتنىتىپ بىدئەت، خۇراپىي كۆپرى ئەقىدە ـ ئېقىملارغا غەرىق قىلىۋېتىش . مەسىلەن ھازىرئافرىقىدىكى دۆلەتلەردە ، پاكىستان ،ئافغانىستان،ھىندىستان ،مەركىزى ئاسىيا. . . قاتارلىق دۆلەت ۋە رايۇنلاردا ھەرخىل بىدئەت ئېقىملارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ، خېرىستىيان دىنى مۇرتلىرىنىڭ ۋە دەۋەتچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ كۆپىيىشى دەل مۇشۇنداق شەكىللەردىن پايدىلىنىۋاتىدۇ.

**3.** مۇسۇلمانلارغا تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش نىقابى بىلەن ئۇلارنى ئۆزخەلقى ئارىسىدىن ئايرىپ، باشقايۇرتلاردا « تەربىيلەش ». يەنى ئۇلاردىن

ئۆزلىرىگە كەتمەن چاپىدىغان غالچا ـ مۇناپىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاتىزىمچىلارنى، ئاسىيلارنى يېتىشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى «ئۆزىيىغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ئارقىلىق باپلاپ ، پارچىلاپ باشقۇرۇش . بۇ دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان بىر ۋاستىدۇر.

4. بىر پۈتۈن دۇنيا تارىخىنى ، ئىسلام تارىخىنى ، مۇسۇلمانلار تارىخىنى ، قەۋم ـ مىللەتلەر تارىخىنى بورمىلاش ، يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىرىش يولى بىلەن ئىنسانىيەتنى ئازدۇرۇش ، خەلقلەرنى ھەقىقىي تارىختىن خەۋەرسىز ، ئارىسالدى قىلىپ قويۇش . بۇ يەھۇدىيلار ،كوممۇنىستلار، رادىكال خىرىستىيانلار تەرىپىدىن بىرنەچچە ئەسىردىن بىرى كۈچلۈك چىڭ تۇتۇپ قىلىنىۋاتقان ئەشەددىي سۈيىقەستلەرنىڭ بىرىدۇر.

5.تارىخنى ھەقىقىي ئېچىپ بېرىدىغان، ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي يۈسۈندا چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىتاب ،گېزىت ـ ژورناللارنى «ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى ماتېرىيال » دەپ يىغىۋېلىپ كۆيدۇرۇش، يوق قىلىش . بۇنداق ئەسەرلەرنى يازغان ، نەشىر قىلدۇرغانلارغا «ئەكىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» ... دىگەندەك بەدناملارنى چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش .

6. ئۆزلىرى ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقىلىق مەلۇم جايغا بومبا كۆمۈش، شوئار چاپلاش ،مەلۇم جايغا ئوت قويۇش، پارتلىتىش .... قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئارقىدىن مۇسۇلمانلارغا « تىرورچى»... دىگەندەك ناھايىتى چوڭ بەدناملارنى چاپلاش، قالپاق كىيگۈزۈش ۋە ئۇلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىك بىلەن باستۇرۇش، مۇستەملىكە قىلىش ...نىشانىغا قانۇنىي تون كىيگۈزۈش .

7.مۇسۇلمانلارغا« ياردەم بېرىش » نىقابى ئاستىدا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش . بۇ ئارقىلىق ھەرخىل ئەپسانىۋىي، شەيتانىي ئاڭلىتىشلارنى

كۆپ خىل تىل ، كۆپ خىل شەكىللەردە تەسىس قىلىپ ، مۇسۇلمانلارنى دىندىن ، ساغلام ئەقىدىدىن يىراقلاشتۇرۇش .

8. « مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش » نىقابى بىلەن مەبلەغ ، ئادەم كۈچى ئاجرىتىش ، ئىلھاملاندۇرۇش يوللىرى بىلەن دىنغا زىت بولغان جاھىلىيەت دەۋرىگە خاس ناخشا ـ ئۇسۇل ، ئويۇن ـ تاماشا ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تىرىلدۇرۇش ، راۋاجلاندۇرۇش .

9. مۇسۇلمانلار ھوقۇق تۇتقان رايۇنلاردا ئۇلارغا قارشى ئۆكتىچى پارتىيە ـ گورۇھلارنى تەشكىللەش ، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش ... قاتارلىق شەكىللەربىلەن دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش . مۇسۇلمانلار كۆچىيىشكە تىرىشۋاتقان رايۇنلاردا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ، زوڭتۇڭ سايلىمىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ، ئىسلامغا ئەشەددىي ئۆچ بولغان ياۋۇزلارنى تەختكە چىقىرىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش .

10. «ئاياللار ئازادلىقى » دېگەندەك شوئارلىرى بىلەن ئاياللارنى گوللاپ، ئازدۇرۇپ ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىدىن نەپرەتلەندۇرۇش ، ئەخلاقىنى بۇزۇش ۋە بۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى بۇزۇش. بۇ شەھەرلەشكەن جايلاردا كۈچلۈك رول رول ئويناۋاتقان بىر سۇيقەستتۇر.

11. « قىز ـ ئاياللارنى ، ياشلارنى ئىشقا تونۇشتۇرۇش ، ئورۇنلاشتۇرۇش » نىقابى بىلەن ئاق ـ قارىنى پەرىق ئېتەلىگۈدەك بولمىغان قىز ـ ئوغۇللارنى ، ياشلارنى باشقا جايلارغا ئالداپ ئاپىرىپ پاھىشە بولۇشقا ، ئېپيىتنى بۇزۇشقا ، دىنىدىن چىقىشقا مەجبۇرلاش .

12. ئۆزلىرى نىقابلاپ ، ياساندۇرۇپ مەيدانغا كەلتۈرگەن « ساقال قويۇۋالغان قارىم» ، « سەللە كىيىۋالغان موللام» ، «يۈزىنى يۆگىۋالغان بۇۋىم » لەر ئارقىلىق

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تېرىش ، ئۇلارنى بىدئەت ـ خۇراپاتلىققا باشلاش . يەنە مۇشۇنداقلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇش . ھالقىلىق مەسىلىلەردە ئۇلارنى ھەرگىز بىردەكلىككە كىلەلمەيدىغان قىلىش .

13 . ئاتالمىش « ئۆلىمالار » ، « بۇۋىم » لەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ھەرخىل گوروھ ـ پىرقىلەرگە ئايرىۋېتىش ، ئۇلارنىڭ بۇزۇق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى دىندىن نەپرەتلەندۇرۇش.

14. ئاتالمىش «ئىسلامىي » كىتاب ،گېزىت ـ ژورناللارنى نەشر قىلىش ، «تەپسىر» «ھەدىس تەتقىقاتلىرى » نى مەيدانغا كەلتۈرۈش ، «ئىسلامىي » توربىكەتلەرنى قۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بورمىلاش ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىش ۋە ئازغۇن ـ باتىل ئەقىدىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش . بۇجەھەتتە ياۋۇز يەھۇدىيلار ۋە يالغانچى كوممۇنىستلار كۆرۈنەرلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

15.ئاتالمىش « قوش تىل » ئوقۇتۇشى ئارقىلىق بالىلارنى 4 ـ 5 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئانا تىلدىن خەۋەرسىز ، ئەقلىي جەھەتتە كەمتۈك ، ئەخلاقىي جەھەتتە بىچارە ، ئىلىمدىن يىراق «ماڭقۇرت»كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش .

16 .« خىلمۇخىل سىياسىي كۈرەش »، «ئىدىيىۋىي كۈرەش» ،« سىياسىي ئۆگىنىش » لەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى، ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرىنى ئىزچىل ئاۋارە قىلىش ، ئۇلارنىڭ زېھنىنى خورۇتۇش ، مۇستەقىل ئويلىنىش ـ ئىزدىنىش پۇرسىتى بەرمەسلىك ، ئەقىل ـ ئىقتىدار جەھەتتە ،تېخنىكا ـ ئىلىم جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرماسلىق .

17. ئىزچىل ، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە داۋاملىشىدىغان يالغان مەلۇمات ، ساختا دوكلاتلار ئارقىلىق بىرتەرەپتىن خەلقنى ، بىرتەرەپتىن تاشقى دۇنيانى ئالداپ، ئۇلارنى

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇش ، بەلكى «گۇللەپ ياشناۋاتقان»لىقىنى بىلدۇرۇش. ئوخشاشلا تاشقى دۇنيانىڭ خىلمۇخىل خەۋەرلىرىنى ، ئۇچۇرلىرىنى مۇسۇلمانلارغا بورمىلاپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇش ،ئازدۇرۇش.

18. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ئېلىش، سەپەر قىلىش ، باشقا ئەللەرگە چىقىش ، ھەج قىلىش ، بىر يۇرتتىن باشقايۇرتقا كۆچۈش.... دېگەندەك خىلمۇخىل ئېھتىياج ـ تەلەپلىرىنى رەڭگارەڭ ھىيلە ـ مىكىر ،دۈشمەنلىكلەر بىلەن چەكلەپ ، ئۇلارنى تاشقى دۇنيادىن ، كەڭ دائىرىلىك ئىلىمدىن خەۋەرسىز ، ۋەزىيەتنى چۈشەنمەس ھالدا قالدۇرۇشقا تىرىشىش .

19. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى بىرتەپ قىلىش ـ باشقۇرۇشتا ئەقەللىسى ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇنلارنىمۇ بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ،ئىچكى قىسىمدا ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان مەخپىي «سىياسەت »لەر ئارقىلىق ناھايىتى رەھىمسىزلەرچە باشقۇرۇش، بىرتەرەپ قىلىش . بۇ مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىيلار، رادىكال خىرىستىيانلار ، كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىربۆلۈك رايونلاردىكى ئەھۋاللاردۇر.

20. زىنا ـ پاھىشە ، ھاراق ـ قىمار، تاماكا( ھەرخىل چېكىملىكلەر) نى مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان رايۇنلاردا ئوچۇق ـ يېپىق شەكىللەر بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، كۆرسە كۆرمەسكە سېلىش ، ئاستىرتتىن قوللاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش .

21. « دىنلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش » نىقابى بىلەن ھەرخىل مەقبۇل كۆرۈلمەيدىغان باتىل دىنلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا (مۇئەييەن دەرىجىدەبولسىمۇ) شارائىت ھازىرلاپ بېرىش . ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىپ ئىسلام دىنىنى بۇ خىل دىنلارنىڭ ياردىمىدە يوقاتماقچى بولۇش .

22. خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى شەكىللەندۈرۈپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان ماتېماتىكا، فىزىكا ، خىمىيە، جۇغراپىيە

،تبابەتچىلىك ، كومپيۇتېر،ئاسترنومىيە .... قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە پۈتلىكاشاڭ بولۇش، ئەكسىچە تانسا ـ ئۇسۇل ،(ساغلام بولمىغان) ناخشا ـ مۇزىكا ....قاتارلىقلارنى داۋاملىق ،توسالغۇسىز ئۆگىنىشكە كەڭ ئىمكان هازىرلاپ بېرىش .

**23.** ئىسلام دىنىدىكى هېيت ـ بايراملارنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئەهمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى خىلمۇخىل ۋاستىلەر بىلەن چەكلەش، ئىسلام دىنىغا زىت بايراملارنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ماددىي، مەنىۋىي شارائىت هازىرلاپ بېرىش ۋە ئىلهاملاندۇرۇش

**24.** دۇنيا قارشى يېتىلمىگەن ، ساددا نامرات كىشىلەرگە ياردەم بەرگەندەك قىلىپ ئالداپ قايمۇقتۇرۇپ؛ ئاچكۆز ، پۇل ئۈچۈن هەممىنى قىلىدىغان نائەهلىلەرنى سېتىۋېلىپ تەربىيەلەپ مۇسۇلمانلار ئارا ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش چېقىمچىلىق ، ئىشپىيۇنلۇق ، ساتقۇنلۇق هەرىكەتلىرىنى ئىزچىل، كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇش ، ئۇلاردا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش

**25.** مۇسۇلمانلاردا كۆرۈلگەن كىچىككىنە قىلمىشلارغا نىسبەتەن ناهايىتى چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، يالغان ئىقرارنامە شەكىللەندۈرۈپ، بىرىيىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدىغىنىنى بىرنەچچە يىللىق ، بىرنەچچە يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدىغىنىنى مۇددەتسىز قاماققا هۆكۈم قىلىش. هەتتا ئۆتكۈزمىگەن جىنايەتكە قىيناپ ئۆلتۈرىۋېتىش ۋە ئاتالمىش «كىسىلى تۇتۇپ قېلىپ ئۆلۈپ قالغان» هېسابىتا ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە ئاستىلا دەپنە قىلىۋېتىش.

**26.** مۇسۇلمانلار رايونىغا ئۆزلۈكسىز كۆچمەن يۆتكەش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇرايۇندىكى ئازسانلىق مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ۋە كېيىنكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ مىللىي مەكتەپلىرىنى ئۆزمەكتەپلىرىگە قوشۇۋېتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلانىڭ ئۆزىگە خاس مائارىپىى بولۇشنى چەكلەش.

27. ئىسلام تەقەززاسى بويىچە كىيىنگەن قىز ـ ئاياللار، ساقال قويغان ئەرلەرنى «گۇمانلىق» دەپ بېكىتىپ ، خىلمۇخىل باھانىلەر بىلەن ئۆيىنى پات ـ پات ئاختۇرۇش، ئۇلارنى يەكلەش ، چەكلەش ۋە جەمىيەتتىن ئايرىۋېتىش.

28. ھەقىقى ئالىم ھەقىقى يولباشچىلارنىڭ كەينىدە خىلمۇخىل پىتنە ـ پاسات ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، ئۇلارنى سېسىتىش، مۇناپىق ـ غالچىلارنى«كاتتا ئالىم»« يېتەكچى» دەپ پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئالداش ، جاھالەتتە قالدۇرۇش .

29. تەشۋىق قىلىش ، ئالداش ، يەكلەش ، تەھدىت سېلىش ، توپتىن ئايرىۋېتىش ،مەجبۇرلاش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن قىزلارنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بولغان پۈتكۈل ئوقۇش مۇساپىسىدە ئىسلامدىن تامام يىراقلاشقان ، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىشنى« مەدەنىيلىك » ، ئىسلامىي ئۆلچەم بويىچە كىيىنىشنى « قالاقلىق » دەپ قارايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش.

30. ئاتالمىش « ھەمكارلىق » ، « سۆھبەت » ، «ئورتاق مەنپەئەت يەتكۈزۈش » قاتارلىق نىقابلار ئاستىدا كاپىرلار ئۆزئارا بىرگەۋدە بولۇپ مۇسۇلمانلارنى يەكلەش ، يېتىم قالدۇرۇش، ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش .

31. ئاتالمىش « سۆزئەركىنلىكى » « ئاخبارات ئەركىنلىكى » نىقابى بىلەن ئاللەغا ، ئىسلام دىنىغا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھوجۇم قىلىش ، تۆھمەت چاپلاش ۋە بۇخىل قىلمىشلارغا پەردە ئارقىسىدا ياردەم بېرىش ، مەدەت بېرىش.

32. بازارئورنىنى خىلمۇخىل باھانىلەر بىلەن يۆتكەش، باھانى مۇقىملاشتۇرماسلىق، سودىنى مونوپول قىلىش ، مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى ھېلى بەكلا تۆۋەنلىتىۋېتىش، ھېلى بەكلا يۇقىرىلىتىۋېتىش. . . . قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئىقتىسادىي

جەھەتتە ناچار مۆھت شەكىللەندۈرۈش ، ئۆلارنى نامراتلاشتۇرۇش. ئىشسىزلىق ، پۇل پاخاللىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش .

33.خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ، ئادەم ئىشلىتىش ، شاگىرت يالاش ... قاتارلىق پۈتكۈل ئىشلاردا مۇسۇلمانلارنى يەكلەش، ئىشقا قوبۇل قىلماسلىق ، ھۈنەر- بىلىم ئۆگەتمەسلىك . قۇبۇل قىلغاندىمۇ ئۇلارنى دىنداسىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىش .

34. خىلمۇخىل ۋەزىپىلەرگە ئادەم قويۇشتا مۇسۇلمان بولغۇچىلارنى قەتئىي قويماسلىق ،ھەرقانچە خىيانەتچى ـ بۇزۇق، لەقۋا بولسا مەيلىكى، ساغلام دىنىي ئېتىقادقا ئىگە مۆئمىننى ئىش بېشى قىلىپ قويماسلىققا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش .

(داۋامى بولۇشى مۇمكىن)